ئىستىقلال ئاۋازى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى
ئومۇمىي 8 ـ سان
مارت 2021

توغرا تەشۋىقات ئۇيغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# ۋاڭ يى تۈركىيە زىيارىتىدە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى




DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV

# ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتىگە قارشى ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرەدە نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى




خىتاي رېجىمىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ تۈركىيە زىيارىتى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى 25 - مارت ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرەدە ئوخشاش ۋاقىتتا نامايىش ۋە بايانات ئېلان قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ئىستانبۇلدىكى نامايىش ۋە بايانات ئېلان قىلىش يىغىنى بەيازىت مەيدانىدا، ئەنقەرەدىكى بايانات ئېلان قىلىش يىغىنى يېشىل باغچا مېھمانخانىسىدا (Green Park Hotel) ئۆتكۈزۈلدى.

ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدىكى پائالىيەت ئوخشاش ۋاقىتتا دۆلەت شېئىرى ئوقۇش بىلەن باشلانغان بولۇپ، بەيازىت مەيدانىدا يەنە شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چىقىرىلدى. قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە خىتاي تەرىپىدىن لاگېرغا سولانغان ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاختايلارنى كۆتۈرگەن 2000 مىڭغا يېقىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى «خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات!»، «لاگېرلار تاقالسۇن!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى.

ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى، ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋە كۇلتۇر جەمئىيىتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئەنقەرەدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئېلان قىلدى. ئىستانبۇلدىكى پائالىيەتتە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش



كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ تۈركىيە زىيارىتى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىن قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى باياناتى ئېلان قىلدى.

باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرلارنى تەسىس قىلىپ، سەككىز مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلغانلىقى، مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتىنى ئىجرا قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىپ، زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈلدى.

باياناتتا يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ۋاڭ يىنى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا، مەجبۇرىي ئەمگەكنى، خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىپ، ئائىلىلەرنى پارچىلاش سىياسىتىنى دەرھال توختىتىشقا چاقىرىشى تەلەپ قىلىندى.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ئامېرىكا، كانادا، ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىش، خىتايغا قارشى ئېمبارگو ۋە جازا يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىندى.

ئەنقەرەدىكى پائالىيەتتە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى رەئىسى پىروفېسسور، دوكتور ئالىمجان ئىنايەت، ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئۆمەر قۇل قاتارلىق تەشكىلات رەھبەرلىرى نۆۋەت بويىچە سۆز قىلدى.



«ئۇلار سۆزلىرىدە بىردەك خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان لاگېر تەسىس قىلىپ، سەككىز مىليون ئەتراپىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سەۋەبسىز قاماش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن قىرغىن قىلغانلىقى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىپ، باللار لاگېرىغا سولاپ، خىتايلىشىشقا مەجبۇرلىغانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىپ، ئائىلىلەرنى پارچىلىغانلىقى قاتارلىق تېررور سىياسىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايغا جازا يۈرگۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە، تۈركىيەنىڭ تېخىچە كۈچلۈك ئاۋاز چىقارمىغانلىقىنى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانخور ۋاڭ يىنى جازا لاگېرلارنى تاقاشقا، مەجبۇرىي ئەمگەك، ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.»

ئىستانبۇلدىكى نامايىشتا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ: «چەت ئەلدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سىرتىدا تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىۋاتقان ئېچىنىشلىق بىر پەيتتە، بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەۋادىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال. شۇڭا مەن ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايغا قارشى قولدىن كېلىدىغان بارلىق قارشىلىقلارنى كۆرسىتىشكە چاقىرىمەن» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئىدارە ھەيئىتى ئەزاسى دوكتور بۇرھان ئۇلۇغيول سۆز قىلىپ: «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە شۇنچە مۇستەھكەم پاكىتلار تۇرسىمۇ، بىراق خىتاي پاكىت ئالدىدا جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلماقتا. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئايان بولدى. ئەمدى خىتاي بۇ قىلمىشلىرىدىن داۋاملىق تانالمايدۇ» دەپ تەكىتلىدى.

پائالىيەتتە يەنە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى رەئىس ۋەكىلى ئەيسا ساۋۇت سۆز قىلىپ: «نامايىش بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ، ئەمما بىز خىتايغا قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. بىرلىشەلىسەك، بىزنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان سۆز قىلىپ: «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى كەلگۈسىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنى مەجبۇرىي ئائىلىسىدىن ئايرىپ، خىتاي قىلىپ تەربىيەلىمەكتە. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيەنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىرىمەن» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئاخىرىدا تەتقىقاتچى، پائالىيەتچى قەمەر ئارتىش خانىم خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈركىيەگە بولغان يوشۇرۇن تەھدىتى ھەققىدە توختالدى. ئۇ سۆزىدە: «خىتاي خەلقئارادا جاسۇسلۇق، تېخنىكا ئوغرىلاش، ئالدامچىلىق ۋە باشقا ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرمەكتە. خىتاي تۈركلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تۈركىيە ئىچىدە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنى كۈچەيتمەكتە. غەرب



ئەللىرى خىتاينىڭ رەزىل مەقسىتىگە قارشى ھەرىكەت باشلىغان مۇھىم بىر پەيتتە، تۈركىيە بۇنى ھېس قىلالمىدى. مەن تۈركىيەنى غەرب ئەللىرى بىلەن بىر سەپتە خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىمەن» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان خىتاي بايرىقىغا دەسسەپ تۇرۇپ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە: «شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ زېمىنى ئەمەس، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. بارلىق ئۇيغۇر خىتاينىڭ تەھدىتلىرىدىن، زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقماسلىقى كېرەك. چۈنكى خىتاي بىزنى ھەر ۋاقىت قىرغىن قىلىۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

ئاخىردا، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىندى.

مەزكۇر نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بۈگۈن ھەرخىل تىللاردىكى نوپۇزلۇق تاراتقۇلاردا كۆپلەپ خەۋەر قىلىندى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن سىرت، نامايىش ۋە بايانات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان ۋە ھەمكارلاشقان تەشكىلاتلار: ئۇيغۇر ئىلىم - مەرىپەت ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان مېدىيا - تەشۋىقات جەمئىيىتى، كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋە كۇلتۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ۋە سودىگەرلەر جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى، شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ جەمئىيىتى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى، فىنلاندىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، فىنلاندىيە ئۇيغۇر كۇلتۇر جەمئىيىتى، ئەھمەد يەسەۋى ئىلىم ۋە ئىرفان ۋەقفى، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى، نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى، ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋەقفى، پاكىستان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى.





# ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

8 - مارت خەلقئارالىق ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە، جۈملىدىن قىز - ئاياللارغا قارىتا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىغا قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، 3000گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى. قولللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى، خىتاينىڭ جىنايەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرگەن نامايىشچىلار «خىتاي، لاگېرلارنى تاقا!»، «ئاتا - ئانىمىز قەيەردە؟»، «فاشىست خىتاي، تېرروررچى خىتاي، قىرغىنچىلىقنى توختات!»، «شەرقىي تۈركىستانغا ئەركىنلىك»، «مۇسۇلمان ئاياللارغا ئىگە چىق!»، «زۇلۇمدا قالغان ئاياللار بۇ يەردە، ئاياللار هوقۇقى قەيەردە؟» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى.

شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە، بولۇپمۇ ئاياللارغا يۈرگۈزۈۋاتقان تېررور سىياسىتىگە قارشى باياناتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا: «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاياللارغا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. شەرقىي

تۈركىستاندىكى قىز - ئاياللار دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئۇ بايانىدا يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنى، ئىسلام دۇنياسىنى ۋە ب د ت قاتارلىق خەلقئارالىق ئورگانلارنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى خىتايغا خەلقئارالىق ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىردى.

يىغىلىشقا تۈركىيەدىكى ھىجاب سەپەرۋەرلىك مۇنبىرى، ئى ھ ھ ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقاندىن سىرت، ژۇرنالىست مەرۋە شەبنەم ئورۇچ خانىم، ئادۋوكات گۈلدەن سۆنمەز خانىم، ھۆر دەۋا پارتىيەسى ئىستانبۇل شۆبىسى ئاياللار بۆلۈمى مەسئۇلى مۇنەۋۋەر ئاقتاش خانىم، رەفاھ پارتىيەسى ئىستانبۇل شۆبىسى ئاياللار بۆلۈمى مەسئۇلى شۈكران ئاراس قاتارلىقلار سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېغىر كۈنلەردە بۆلۈنمەسلىككە، تېخىمۇ قاتتىق بىرلىشىشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.









# ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا رەسمىي جازا ئېلان قىلدى

ب ب س نىڭ 23 - مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشى سەۋەبلىك، 30 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشنى قارار قىلغان.

ياۋروپا ئىتتىپاقى جازا يۈرگۈزمەكچى بولغان خىتاي ئەمەلدارلىرى تۆۋەندىكىلەر ئىكەن:

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى چېن مىڭگو؛

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە دائىمىي كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ مىڭشەن؛

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش دېۋىزىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ جۈنجېڭ؛

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى»نىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ خەيلۇن؛

ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋاڭ مىڭشەننىڭ ئۇيغۇرلارنى لاگېرغا سولاش، سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلاردا مۇھىم رول ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. جۇ خەيلۇن لاگېرنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا نۇقتىلىق شەخس دەپ قارالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزى جازا لاگېرلىرىنىڭ باشقۇرۇش، كونترول قىلىش قاتارلىق بىخەتەرلىك، سىياسىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، دەپ قارالغان.

ياۋروپا ئىتتىپاقى باياناتىدا يەنە مۇنۇلار تەكىتلەنگەن: «بىز ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا 30 ئەزا بىلەن بىرگە

ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، خىتايغا ئىنىق ئۇچۇر بەردۇق. خەلقئارا جەمئىيەت ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇققا بۇنداق ئېغىر دەرىجىدە سىستېمىلىق دەخلى - تەرۇز قىلغان خىتاينىڭ قىلمىشىغا كۆز يۇمالمايدۇ. بىز ھەرىكىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە مەسئۇلىيىتى بار ئەمەلدارلارنى جاۋابكارلىققا تارتىمىز».

مەلۇم بولۇشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئىجرا قىلماقچى بولغان جازا ساياھەت چەكلىمىسى قويۇش، بارلىق مال - مۈلۈكىنى توڭلىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. جازانىڭ ئاساسلىق نىشانى شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلمىشنى چەكلەش ۋە ئەيىبلەش ئىكەن. بۇ 1989 - يىلى تيەنئەنمېن قەتلىئامىدىن كېيىن، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى سەۋەبلىك تۇنجى قېتىم خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشى ئىكەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېللاندىيە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن ياكى جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.






# خىتاي كونسۇلخانىلىرى ئالدىدىكى نامايىشلار داۋاملاشماقتا



ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «مىللەت نۆۋىتى» نامايىشى ھاۋانىڭ سوغۇق ۋە يامغۇرلۇق بولۇشىغا قارىماي داۋاملاشماقتا. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى خەلقئاراغا پاش قىلىش مەقسىتىدە شەخسىي ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىغا ئەتىگەندىلا يىغىلغان نامايىشچىلار خىتاينىڭ سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىشنى داۋاملاشتۇردى.

بۈگۈن (31 - مارت) «مىللەت نۆۋىتى» نامايىشى باشلانغىنىغا 104 كۈن بولغان بولۇپ، نامايىشچىلار قوللىرىدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ: «زالىم خىتاي، ئاتا - ئانىمىز نەدە؟»، «قىرغىنچىلىقنى توختات!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى.

نامايىشقا قاتناشقۇچىلار ئىچىدىن بىر ئۇيغۇر قىزى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرى، تېررور سىياسەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالمىغانلىقى ھەققىدە رۇس تىلىدا گۇۋاھلىق بەردى.

«ئائىلەم قەيەردە؟» نامايىشى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، بۈگۈنكى نامايىشتا ساقچىلار نامايىشچىلارغا قوپاللىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلغان.

ئالمۇتىدىكى نامايىشتا نامايىشچىلار شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تەرىپىدىن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولانغان ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سۈرىتىنى تۇتقان ھالدا، خىتاي كونسۇلخانىسى خادىملىرىدىن ئائىلىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ھەققىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ياشانغان ئاياللارمۇ بار بولۇپ، بۈگۈن ساقچىلار




ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن سۆرەپ، خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدىن يىراقلاشتۇرغان.

خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى يولدىشىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن بىر ئايالنىڭ مۇخبىرغا ئاشكارىلىشىچە، ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ پاسپورتى 2016 - يىلى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان. شۇندىن بېرى يولدىشى ئائىلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قازاقىستانغا كېلەلمىگەن. بۇ سەۋەبلىك ئۇ يولدىشى ھەققىدە توختىماي خىتاي كونسۇلخانىسىغا شىكايەت قىلغان. ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ يولدىشىغا تەھدىت سېلىپ: «ئايالىڭ شىكايەتنى توختاتمىسا، سېنى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىشىڭغا مەڭگۈ رۇخسەت قىلمايمىز» دەپ تەھدىت سالغان. يولدىشى ساقچىلاردىن پاسپورتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ساقچىلار ئۇنىڭغا يەنە: «پاسپورتۇڭنى خالىساق يىرتىپ تاشلايمىز، خالىساق ئەمەلدىن قالدۇرىمىز» دېگەن.






# خىتاي خاككېرلىرى ئىستىقلال تور بېكىتىگە قارىتا ھۇجۇمنى كۈچەيتمەكتە

يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى خەلقئاراغا پاش قىلىشتا ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئىستىقلال خەۋەرلىرى (ئۇيغۇرچە) ۋە تۈركىستان پىرەس (تۈركچە) تور بېكىتىمىز خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ئىزچىل ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى مەزگىللەردە بۇ ھۇجۇم تېخىمۇ كۈچەيمەكتە.

تور بېكىتىمىزنى بىخەتەرلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان شىركەتنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئىككى كۈندىن بېرى خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ئىككى تور بېكىتىمىزگە قىلغان ھۇجۇمى تېخىمۇ كۈچەيگەن. مەسئۇل خادىملار نۆۋەتتە تۈركچە خەۋەر تور بېتىمىزنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا. شىركەتنىڭ بىخەتەرلىككە مەسئۇل خىزمەتچىلىرى تور بېكىتىمىزگە قىلىنغان ھۇجۇم سەۋەبلىك، مەزكۇر شىركەت مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەۋاتقان باشقا تور بېكەتلەرنىڭمۇ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىستىقلالنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە خەۋەر تورى بېتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جازا لاگېرىغا قاماش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قاتارلىق تېررور سىياستى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئاراغا پاش قىلىپ كەلمەكتە.






# فېيسبۇك: خىتاي خاككېرلار ساختا سالاھىيەت بىلەن ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 25 – مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، فېيسبۇك شىركىتى خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ساختا سالاھىيەت بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كومپيۇتېرى ۋە تېلېفونلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي خاككېرلىرى ساختا فېيسبۇك ھېساباتى ۋە ئالدامچىلىق تور بېكەتلىرى بىلەن تۈركىيە، قازاقىستان، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كومپيۇتېر ۋە يانفونلىرىغا قارشى مۆرەككەپ مەخپىي ھەرىكەت قوزغىغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى، ژۇرنالىستلار ۋە ئۆكتىچىلەر نىشانلانغان.

فېيسبۇك شىركىتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي خاككېرلىرى ژۇرنالىستلار ۋە پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر ئابونىتلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ساختا فېيسبۇك ھېساباتى، ساختا تور بېكەت ۋە ئەپلەرنى ياساپ چىققان. بەزى ئەھۋاللاردا، خاككېرلار ياساپ چىققان تور بېكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن قانۇنلۇق خەۋەر تور بېكەتلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان.

مەزكۇر ساختا ھېساباتلار ۋە ساختا تور بېكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يامان غەرەزلىك ئۇلىنىش بار بولۇپ، ئەگەر قوللانغۇچى ئۇلىنىشنى چەكسە، ئۇلارنىڭ كومپيۇتېرى ياكى يانفونى يۇقۇملىنىپ، مەزكۇر كىشىنىڭ ئۈسكۈنىسىنى نازارەت قىلىشىغا يول قويىدىكەن.


نەتىجىدە خىتاي خاككېرلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئورنى، كۇنۇپكا تاختىسى ۋە ئالاقە مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىدىكەن.

فېيسبۇك شىركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 2019 - ۋە 2020 - يىللىرى خاككېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 500 گە يەتمەيدىكەن. شىركەت قەرەللىك بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدە بۇ خىل ھۇجۇم تورىنى بايقىغان ۋە بۇ ساختا ھېساباتلارنى تاقاپ، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلغان.

فېيسبۇك بىخەتەرلىك سىياسىتى مەسئۇلى ناتانىيېل گلېيچېرNathaniel Gleicherبۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئۇلار بۇ شەخسىي روللارنى قۇرۇپ چىقىپ، جەمئىيەتتە ئۆزىگە ئىشەنچ تىكلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزى ياساپ چىققان ساختا ئۇلىنىشلارنى ئاچقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئاشكارىلايدۇ» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر خاككېرلار خىتاينىڭ ئىككى تېخنىكا شىركىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى يوق ئىكەن. ئەمما ئامېرىكا تور بىخەتەرلىك شىركىتى «ئوت كۆز» (FireEye) بىر باياناتىدا: «بىز بۇ ھەرىكەتلەر خىتاي كومپارتىيەسىنى قوللاش ئۈچۈن بولغان، دەپ قارايمىز» دېگەن.





مۇھەممەد يۇسۇپ

بەزى كىشىلەر ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل - پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالىشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس. ئىنساندا ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئىرادە بولسىلا چوقۇم ئۆزگىرەلەيدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆگىنەلمەيدىغان ۋە ئۆزىنى كۆندۈرەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش يوقتۇر. ھەتتا ئىنسان سېركچىلەر كۆندۈرىدىغان شىردىنمۇ بەك كۆنگەكتۇر. پسىخىكا مۇتەخەسسىسلىرى «ئادەم بىر ئىشنى 21 كۈن قىلسا، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئەخلاق تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. تەبىئىي ئەخلاق - يارىتىلىشتىن بېرى ئىنساندا بولۇپ كەلگەن تەبىئىي (تۇغما) ئەخلاق. يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق - يارىتىلىش تەبىئىتىدە بولمىسىمۇ، كېيىنچە ئۆگىنىپ تەربىيە يولى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقتۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەبىئىي ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئەخلاق ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ، ئۇلار ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي ھالدا رىئايە قىلىدىغان كېلىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەلىم - تەربىيەنىڭ ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ۋە ياكى ھاياتلىقتىن ئالغان تەجرىبىلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئۆگىنىلگەن ياكى يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق، دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكىن بىراۋنىڭ ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەخلاقنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئىي قابىلىيەت بولۇشى شەرتتۇر. بۇ خۇددى قانداقلا بىر ماھارەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ قابىلىيەت تەلەپ

قىلىنغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئىنساندا بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەت بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئادەمدە شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەت بولمىسا، ئۇنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئەزەلىرمۇ شۇنداق بولۇپ، بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولغان ئەزا مەشىق قىلىش يولى بىلەن شۇ ماھارەتنى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. مەسىلەن: قول خەت يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ۋە باشقىمۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، قولنى كۆندۈرۈش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېرەكلىك ماھارەتلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولغان بىلەن، قۇلاقتا مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاڭلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى مەشىق بىلەن ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش، گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىدە تەبىئىي تەييارلىق ياكى قابىلىيەت بولمىغان ئادەم ئۆگىنىش، تەلىم ئېلىش ۋە باشقا چارىلەر بىلەنمۇ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

ئىنساندىكى ئەخلاق ئۆگىنىش قابىلىيىتى ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت بولغان ھەر قانداق ئەقىللىك ئىنسان ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىقلا كۆرسىتىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۈزەل ئەخلاقلارنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن: تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ئېغىر - بېسىقلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بەل باغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم ئېغىر - بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ.

ئەڭ ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئادەممۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا سېخىيلىققا ئادەتلىنىش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت ۋە تەبىئىي تەييارلىق بولۇپ، سېخىيلىققا ئادەتلىنىشكە چىن ئىرادە تىكلىسە، تەربىيە يولى بىلەن چوقۇم سېخىيلىققا ئادەتلىنىدۇ ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدۇ. مۇنداق بىر شەخسىيەتچى ئادەم بىردىنلا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىش

دەرىجىسىگە يېتەلمىسىمۇ، ئۇ باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سېخىيلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. باشقا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىدە تەبىئىي قابىلىيەت بولۇش شەرتى بىلەن ھاسىل قىلىش يولىدا تىرىشقان ھەر قانداق ئادەم چوقۇم ئۇنى ھاسىل قىلالايدۇ. شەكسىزكى، گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تەربىيەدۇر!

ئىسلام دىنى ئەخلاق تەربىيەسىگە ئالاھىدە زور ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەخلاق تەربىيەسى ئىمان تەربىيەسى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ كۆپرەكىنى ئىمان بىلەن ئەخلاقنى تۇرغۇزۇش يولىغا ئاتىغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىنسان تەبىئىتى بىر خىل بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بىرىگە مۇناسىپ كەلگەن تەربىيە چارىسى يەنە بىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەربىيەسى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان.

كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدە ئىسلام ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان تەربىيە چارىلىرى: ئەمەلىي مەشىق، ياخشى مۇھىت، ياخشى ئۈلگە، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي بېسىمى قاتارلىقلاردۇر.

## 1. ئەمەلىي مەشىق

نەپسنى ئىشتىھا قىلغان ۋە ھەۋەس قىلغان ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇنى شۇنداق قىيىنچىلىقلارغا چېنىقتۇرۇش گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئېسىل - پەزىلەتلەرگە ئادەتلىنىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق مەشىقلەر دەسلەپتە ئىنسانغا ئېغىر تۇيۇلسىمۇ، كېيىنچە ئۇنى قىيىن كۆرمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ئارقىلىق بەدەننى كۈچلەندۈرگەنگە ئوخشاش ئىش.

ئىنساندا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەبىئىي ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن،



تەربىيە دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت. ئەگەر ئىنساننىڭ ئەخلاقىي قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىنمايدىغان بولسا ئىدى، ئىنسان هاياتىدا تەربىيەنىڭ ئەهمىيىتى بولمىغان بولاتتى.

ئەمما ئىلاهىي تەلىماتلار بىلەن رېئاللىقتىكى تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان تەربىيە مېتودلىرى ئىنسان تەبىئىتىدە تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. تەربىيەچىلەر، ئۇستازلار ۋە مۇئەللىملەر بۇ مېتودقا ئاساسلانغان هالدا، يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ هەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم دېگەن ئۆگىنىش بىلەن، سەۋر دېگەن سەۋرچانلىققا ئادەتلىنىش بىلەن هاسىل بولىدۇ».

يەنە بىر هەدىستە: «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىشىلەردىن بىهاجەت بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ بىهاجەت قىلىدۇ، سەۋرچانلىقنى مەشىق قىلغان كىشىنى سەۋرچان قىلىدۇ» دەپ كەلگەن. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

نەپسنى يېغىش، ئۇنىڭ هەۋەسلىرىنى رەت قىلىش ۋە كۆڭلى خالىمىسىمۇ ئۆزىنى ياخشى ئىشقا ۋە ئېسىل پەزىلەتكە زورلاشتىن ئىبارەت جاپالىق مەشىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. مەسىلەن: تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئۆزىدە ئېغىر - بېسىقلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش يولىدا دەسلەپتە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ، ئەمەلىي مەشىقنى داۋام قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى ئېغىر - بېسىقلىقنى هاسىل قىلالايدۇ. باشقا ئەخلاق تۈرلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

## 2. ياخشى مۇهىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت

پەزىلەتلىك جەمئىيەت - ئىنسانىي خىسلەتلەرنى، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان، ياخشى قىلىق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى ياقتۇرىدىغان، يامان ئادەت ۋە يامان قىلىقلارنى، شۇنداقلا ناچار ئەخلاقلارنى يامان كۆرىدىغان ئىنسانلار توپلىمىدىن تەركىب تاپقان جامائەتچىلىكتۇر.

پەزىلەتلىك جەمئىيەت «قۇرئان كەرىم»دىكى: (كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُوْنَ بِالْمَعْرُوْفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُوْنَ بِاللّٰهِ) يەنى (سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر) دېگەن ئايەتتە ماختالغان ئىنسانلار ياشايدىغان جەمئىيەتتۇر.

ياخشى مۇهىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە چۈكۈپ شۇ جەمئىيەت ئىنسانلىرى بىلەن بىرگە ياشاش ئارقىلىق، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى، ياخشى ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ۋە

شۇ جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى ۋە ئەخلاقىنى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز هالدا قوبۇل قىلىدۇ، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ياقتۇرغاننى ياقتۇرىدىغان، ئۇلار يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدىكى ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ.

تىلىدا راستچىللىق، ئادىتىدە ۋاپادارلىق، مۇئامىلىسىدە ئادالەتپەرۋەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەم ئۇچۇن بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېسىل ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. كۆڭلى خالىمىسىمۇ بۇ ئادەتلەرگە ئۆزىنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇ شۇ جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: بېخىل ئىنساندىن بىرى ئەخلاق - پەزىلەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىسا، ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سېخىيلىقىدىن مەلۇم مىقدارنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرەلەيدۇ. قورقۇنچاق بىرى قورقۇشنى بىلمەيدىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرى بىلەن ياشاش ئارقىلىق، ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئەخلاق - پەزىلەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان جەمئىيەتتە ياشىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ جەمئىيەتنىڭ يامان ئادەتلىرى ۋە ناچار ئەخلاقلىرىنى بىلىپ - بىلمەي قوبۇل قىلغانلىقتىن، گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

## 3. ياخشى ئۈلگە

ياخشى ئۈلگە - ئەخلاق - پەزىلەت ئۇچۇن ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدىغان ئەمەلىي ئۈلگە دېمەكتۇر. بۇنداق ئۈلگە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدىغان ھېسسىي ئۈلگە بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ۋە سۈرىتىنى تارىخلاردىن، قىسسەلەردىن ئوقۇش ئارقىلىق زېھنىلەرگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان مەنىۋى ئۈلگە ھەم بولالايدۇ.

ياخشى ئۈلگە شەخسلەر ئۇچۇن ئۈلگىلىك شەخسلەردىن، كوللېكتىپ ئۇچۇن ئۈلگىلىك جامائەتتىن تەسىرات ئېلىش ئارقىلىق هاسىل بولىدۇ.



# قازاقىستاندىكى خىتايغا قارشى نامايىشتا 20 كىشى قولغا ئېلىندى





ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 27 - مارت قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن.



نامايىشنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەكلەنگەن قازاقىستان دېموكراتىيە ھەرىكىتى ۋە قازاقىستان دېموكراتىك پارتىيەسى تەشكىللىگەن. نامايىش رەسمىي باشلىنىشتىن ئىلگىرى كەم دېگەندە 20 كىشى قولغا ئېلىنغان، نامايىش رايونىدىكى ئىنتېرنېت تورىمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن.

نامايىشقا قاتناشقۇچىلار قازاقىستاننىڭ خىتاي بىلەن بىرلەشمە كارخانا قۇرۇشى ۋە خىتاينىڭ قازاقىستانغا ئىقتىسادىي مەبلەغ سېلىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈلگەن. نامايىشچىلار يەنە «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق توختىتىلسۇن!» دېگەندەك شوئارلار يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا قارىتىلغان زىيانكەشلىككە قارشى شوئارلارنى توۋلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتايغا قارشى نامايىش پايتەخت نۇرسۇلتان ۋە ئورال، چىمكەنت، ئاقتۆبە قاتارلىق شەھەر، رايونلاردا بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلگەن.




خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتىنى توسۇش بارلىق شىركەتلەرنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر.

## مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/3559:
http://istiqlalhaber.com/page/news/3541 :
http://istiqlalhaber.com/page/news/3365 :
http://istiqlalhaber.com/page/news/3275?fbclid :
https://turkistantimes.com/ug/news-14381.html :
http://istiqlalhaber.com/page/news/3270 :
http://istiqlalhaber.com/page/news/3354 :
https://turkistantimes.com/ug/news-14254.html :

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر: **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق**

تەھرىر: **يۈسۈپجان قۇرۇم**

لايىھەلىگۈچى: **ئۆركەش**

بەتچىك: **ئىرشات سەرھان**

ھەجۋىي رەسىم: **رەدۋا ئادىل**

نەشر قىلغۇچى ئورۇن: **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**

نەشر تۈرى: **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى**



ئادرېس: **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2**
**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL**

**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**